# ئايۋالىقتا تولۇن ئاي

ئەزىز ئىيسا ئەلكۈن

ئايۋالىقتا تولۇن ئاي
كولەڭگۈسى بۇ ئاخشام -
مەرمەر دېڭىزدا لەيلەيدۇ...
بېلىجانلارنى ئەركىلىتىپ-
ئوينايدۇ...
مۇھەببەتنى كۈيلەيدۇ!

قارشى قىرغاقتا-
يالغۇزلۇقتا مەن مەھكۇم.
تۈنۈگۈندىن مىراس ھېسلىرىم-
ھەسرەت قوشۇپ تېڭىرقايدۇ...

كۆزۈمدە قېتىپ قالغان-
مېنى ئەسىرگە ئالغان-
بۇ ئاخشام ھالسىرايدۇ...
يۈرىكىمنى-
يېڭىدىن تۇغۇلغان-
تەلۋە تۇيغۇلىرىم تىلغايدۇ...

بۇ ئاخشام-
ئايۋالىقتا ئايپەرى-
مەرمەر دېڭىزدا كۈيلەيدۇ...
مېنى ئۆزىگە چىللايدۇ....

مەن-
ساڭا يېقىن قىرغاقتىن-
ئۆزۈك كەلگۈچە سېنى كۈتمەستىن -
كۆلەڭگەڭنى تۇتۇۋېلىپ-
قولۇقىم قىلىپ-
ئۆزۈۋالغۇم كېلىدۇ...

سېنى...
تەكلىماكاندا چاڭقىغان
ئاتەشتەك قەلبىمگە-
بېسىۋالغۇم-
تېڭىۋالغۇم-
قويۇۋالغۇم كېلىدۇ...

ئاي-
ئاسمان تەڭرىم سەن ئۈچۈن-
يۇلتۇزلارنى مونچاق كۆز قىلىپ...
كۆكتە ياسىغانمۇ كەپە؟
دېڭىزدىكى مارجانلار-
سىرغىپ چۈشكەنمۇ سەندىن-
كۆز قىسىشىپ شوڭغۇپ ئاقىدۇ...
ئۆيۇقىڭنى يېرىپ ئۆتىدۇ-
سېھىرلىك بۇ كېچە...

ئاي-
يۇلتۇز بىلەن سەن مەشئەل-
قارا بۇلۇتقا كاراپ.
تەڭدىشىڭ يوق بۇ ئالەمدە-
سۈكۈتتە ئىتائەتمەن
ئۆيۇق سۆيگەن كېچە-
قىلىدۇ ساڭا تاۋاپ...

ئاي-
ئايۋالىقتىكى تولۇن ئاي-
مەن سېنى تونۇۋالدىم-
بەلگە ساڭا قويۇۋالدىم...
كەلگەنمۇ سەن ئەسلى-
مېنىڭ ئاسمىنىمدىن-

ئايكۆلنىڭ-
ئايۋاغىنىڭ-
كۈيباغىنىڭ-
ئالتايدىن-
ئالتە شەھەرنىڭ كېچىسىدىن!

"ئاھ ئايىم...
مېنىڭ ئايىم سەن"...
دەپ قاتتىق تووۋلىغۇم كېلىدۇ...
ئايۋالىقنىڭ ساھىلىدا
مەن غەۋۋاستا تۇغۇلغان-
سوئاللارغا-
جاۋاب ئالغۇم كېلىدۇ:

تۈركىستانىنىڭ دېڭىزدىن ئۇزاق-
شۇ ئاخشامدا سېنى كۆرگەن-
ئايكۆللۈكنى تونۇدۇڭمۇ؟
ئايدىڭكۆل قاراڭغۇمىكەن؟
ئاقسۇدا ئىتلار قاۋامدىكەن؟
لۈكچۈندە يىگىتلەر شېھىت بولغاندا-
يىلقا يېزىسىدا قوزغۇنلار-
كېچە ئاسمىنىنى قاپلىغاندا-
مارالبېشىدىن غايىب بولغان-
ماراللار تارىمدا بوزلامدىكەن؟
....

ئايۋالىقتىكى تولۇن ئاي-
تونۇدۇڭمۇ سەپىرىڭدە بۈگۈن-
ئاي يۈلتۈزغا ئاشنا خەلقنى-
"مەن ئاق بايراق ئەمەس" دېگەن
كوكتەڭرىدىن ئۈدۈم ئالغان-
ھەر كەچكىنىڭدە يولۇڭغا-
ئاق پاياندار سالغان-
خانتەڭرىنى؟

قۇم دېڭىزى بىلەن-
تىلسىملار كانى بولغان
ئەكسىڭنى ئۆز پېتى قاتۇرۇۋالغان-
تەكلىماكاننى؟
.....

كەچمىشىمنىڭ كوپىلىگىدىن-
تېنەپ قالغان تۈيغۇلىرىم
ھەر تەرەپكە قاترايدۇ...
كۆڭۈل ئارامىمغا ھەسرەت قوشۇپ -
ئېلىپ كېتىشكە-
بالدۇر كەلگەن يورۇق ئىلاھى
ئايۋالىقتىكى تولۇن ئايىنى-
مەغرىب تامان سۆرەيدۇ!

هايات ئۆز يولىدا-
ئايۋالىقنىڭ كوچىسىدا-
ئەزان ئاۋازى كانايدا...
بامدات نامىزىغا چىللايدۇ...
ساھىلدىكى بەزمە خانىدا-
پەرەڭ مۇزىكىسى ياڭرايدۇ.
ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى-
توخۇلارنىڭ چىللاشلىرى..
دوقمۇشتىكى ئاشىق-مەشۇقنى-
بۇ كوچىدىن قوغلايدۇ...

ئايۋالىقتىكى تولۇن ئاي-
مەن رەسسام بۇ ئاخشام...
يۈرىكىمگە سىزماقچى-
مەرمەر دېڭىزىدىكى كۆلەڭگەڭنى...
سىزىدى قەلىمىم زەنجىر-
باغلىۋەتتىم دېڭىزغا سېنى-
سىياھلىرى بولدى قان-
بويىۋەتتىم-
داغ قالغان يۈزۈڭنى!

ئاي-
ئەگەر كەتسەڭ بۇ نۆۋەت
سەندىن تىلىۋالاي
يېنىشىڭدا-
تەكلىماكاننى كۆرگەندە
خانتەڭرىنى سۆيگەندە
ساڭا ئاشىق قۇلۇڭدىن
پالاندى بۇ ئۇيغۇردىن-
ئايۋالىقتىن سالام ئەت!

ئاي-
ئايۋالىقتا مەن كۈتكەن-
هايات شۇنچە رومانتىكمۇ؟

كۈلەلمىدىم...
ئۆزگىدە يوق كۈلكىگە-
زورلاپ كۈلۈشۈم مۇمكىنمۇ؟!

ئاھ ئايىم...
ئايۋالىقتا تولۇن ئاي-
ئارزۇيۇمدىن نە قالاي-
ئۆز مەيلىمدىن نە ياناي
بۇ كېچەڭدىن...
ئاي نۇرىڭدىن...
ئاي يۈزۈڭدىن ئايلىناي....

ئايۋالىق، تۈركىيە

2013- يىلى، 23 - ئاۋغۇست